سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# ئەلىسنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى





قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ـــ 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# ئەلىسنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى

ئاپتورى: لېۋىس كاررول [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: زەينەپ ئابلاجان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** ئەلىسىنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى
**ئاپتورى:** لېۋىس كاررول [ئەنگلىيە]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** زەينەپ ئابلاجان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** چولپان تۇرسۇن
**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

**图书在版编目(CIP)数据**

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/再娜甫·阿布拉江译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话–作品集–世界–维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

**书　　名:** 爱丽思梦游奇境
**作　　者:** 加乐儿 [英]
**翻　　译:** 再娜甫·阿布拉江
**责任编辑:** 艾尼瓦·库迪力克
**责任校对:** 乔尔帕·吐尔逊
**出　　版:** 新疆喀什出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编:** 830000
**发　　行:** 新疆新华书店
**印　　刷:** 新疆八艺印刷厂
**开　　本:** 787mm×1092mm　1/32
**印　　张:** 2.5
**版　　次:** 2009 年 1 月第 1 版
**印　　次:** 2009 年 2 月第 1 次印刷
**定　　价:** 60.00 元 (全十册)



# كىرىش سۆز

بالىلار ئەڭ غەلىتە چۈشلەرنى كۆرىدۇ. لېكىن چۈشلەردە ھاياتلىقنىڭ كۆلەڭگىسى بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ چۈمپەردىسى پاك دىل تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلسە بالىلر قىزىقىدۇ، چوڭلارمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي زىلزىلىگە كېلىدۇ، خۇش بولىدۇ. چۈشتە كۆرۈلگەن ئەخمەقلىقنىڭ چىنلىقىدىن، مەسخىرىلەرنىڭ تەلتۆكۈسلىكىدىن زىلزىلىگە كەلسىڭىز، چۈشتە كۆرۈلگەن ئەخمەقلىقنىڭ نۇقسانسىزلىقىدىن، ھەر بىر ئىشنىڭ شۇنچە يېقىملىقلىقىدىن خۇش بولۇپ، كىتابنى قولىڭىزدىن چۈشۈرگىڭىز كەلمەي قالىدۇ.

«ئەلىسىنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى» مانا شۇنداق كىتاب. بۇ كىتاب 1867 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ ھازىرغىچە 130 يىل بولدى. 130 يىلدا بۇ كىتابنى ئوقۇغانلارنىڭ سانىنى بىلمەك قىيىن. بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى كىچىك كىتابخانىلار ئىچىدە بۇ كىتابنى ئوقۇمىغانلار يوق دېيەرلىك. كىشىلەر ئۇنى دراما قىلىپ ئۆزگەرتىپ سەھنى-







لەردە ئويناپ چىقتى؛ كىنو قىلىپ ئىشلەپ ئېكرانلاردا قويدى. مانا مۇشۇلاردىن كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابنى قانچىلىك ياقتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي ئاپتورى ئەنگلىيىلىك لېۋىس كاررول (Lewis Carrol)، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى چارلىز لۇتۋىدگې دوگسون (Charles Lutwidge Dodgson، 1832 ــ 1891).

بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئەسلىي ئەسەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۈەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي









# مۇندەرىجە


توشقان ئۈۋىسىغا چۈشۈپ كېتىش ........................ 1

كۆز يېشى كۆلچىكى ........................ 6

ئۈۋاللىق تارىخى ........................ 13

ئاق توشقاننىڭ ئۆيىدە ........................ 21

كېپىنەك قۇرتىنىڭ تەكلىپى ........................ 28

قارىمۇچ ئاشخانىسى ۋە چوشقا بالا ........................ 33

ساراڭلارنىڭ چاي زىياپىتى ........................ 41

خانىشنىڭ توقماق توپ مەيدانى ........................ 47

سوراق ........................ 54

سوراقخانىدىكى ئالتوپىلاڭ ........................ 60

يېڭى نەشرىگە قوشۇمچە سۆز ........................ 63






# توشقان ئۇۋىسىغا چۈشۈپ كېتىش

ئەلىس ھەدىسى بىلەن ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ، بىكارچىلىقتىن زېرىكىشكە باشلىدى. ھەدىسىنىڭ قولىدىكى كىتابقا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى. لېكىن ھەدىسىنىڭ كىتابىدا نە رەسىم، نە پاراڭ يوق، ھەقىقەتەن زېرىكىشلىك ئىدى.

ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئەلىس مۈگدەشكە باشلىدى. ئەلىس روھسىز ھالەتتە ئويغا پاتتى: ياۋا جۇخار گۈلىدىن گۈلچەمبىرەك ياسىسام بولارمۇ، زادى نېمە قىلسام بولار؟ شۇ ئەسنادا قىزغۇچ كۆزلۈك ئاق توشقان ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ توشقان يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ: «ئاپلا! ئاپلا! كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇم» دەيتتى. لېكىن بۇ ئىشلارنى ئەجەبلىنەرلىك ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى ھېلىقى







توشقان جىلتىكسىنىڭ يانچۇقىدىن قويۇن سائىتىنى چىقىرىپ، بىر قاراپ قويۇپلا ئالدىراش ـ تېنەش قېچىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەلىس ئەجەبلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ئاق توشقان ئوتلاقتىن ئۆتۈپ، دەرەخ ئاستىدىكى تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. ئەلىسمۇ نېمە بولارىنى ئويلىمايلا ئەگىشىپ تۆشەككە كىردى. باشتا توشقان ئالدىغا مېڭىۋەردى، كېيىن بىر يەرگە بارغاندا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئەلىس بەك تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

چۈشە ـ چۈش، چۈشە ـ چۈش، بىر هازادىن كېيىن ئەلىس بىر دۆۋە شاخ ۋە قۇرۇق چۆپلەر ئۈستىگە گۈپ قىلىپ چۈشتى.

ئەلىسنىڭ ھېچ يېرى ئاغرىمىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستىگە قارىۋېدى، قاپقاراڭغۇ كۆرۈندى؛ ئالدىغا قارىۋېدى ئۇزۇن كەتكەن تار يولدا ھېلىقى ئاق توشقان يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ دەرھال توشقاننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. توشقان دوقمۇشتىن بۇرۇلىدىغان چاغدا ئەلىس يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغانىدى. لېكىن توشقان دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا غايىب بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ۋە پاكار ئۆيگە كىرىپ قال-







غانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرغۇن ئىشىك بار بولۇپ، ھەممىسى قۇلۇپلانغانىدى. ئەلىس ئەينەكتىن ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق شىرەدىن كىچىككىنە ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپتى. لېكىن ئاچقۇچنى ئىشىكلەردىكى قۇلۇپلارغا سېلىۋىدى، قۇلۇپ ئېچىلمىدى. كېيىن ئۇ قىسقا پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىشىكنى كۆرۈپ قالدى. ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى بىر چىدەك كېلەتتى. ئالتۇن ئاچقۇچنى بۇ ئىشىكتىكى قۇلۇپقا سېلىۋىدى، ئاچقۇچ چۇشۇپ قۇلۇپ ئېچىلدى. ئىشىكنىڭ كەينىدە چاشقان كامېرىدىنمۇ كىچىك بىر تارچۇق كۆرۈندى. ئۇ يۇكۇنۇپ تۇرۇپ تۆشۇك ئىچىگە قاراپ ئاجايىپ گۈزەل بىر باغنى كۆردى.

ئۇنىڭ بۇ قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىپ، باغچىغا بېرىپ ئوينىغۇسى كەلدى. لېكىن ئىشىك بەك كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ بېشىمۇ سىغمايتتى، تېخى ئۇنىڭ گەۋدىسى تۇرسا، قانداقمۇ كىرگىلى بولسۇن. ئۇ راسا تەقەززا بولۇۋاتقاندا، بىر بوتۇلكىنى كۆرۈپ قالدى. بوتۇلكىغا چاپلانغان قەغەزگە «مېنى ئىچىڭ» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

ئەلىس بوتۇلكىغا زەڭ سېلىپ قاراپ چىقتى، ئۈستىدە «زەھەرلىك دورا» دېگەندەك خەتلەر كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ









بىلەن ئۇنى يۇرەكلىك تېتىپ كۆردى. ئۇنىڭ تەمى ئەلىس ئىچىپ كۆرگەن ياخشى ئىچىملىكلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. شۇڭا، بىردەمدە ھەممىنى ئىچىۋەتتى.

ئۇنى ئىچىپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەلىس ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەپ بىر چى كەلگۈدەك بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئەلىس ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كىچىك ئىـ شىكتىن كىرىپ، باغچىغا بارالايدىغان بولغانىدى.

لېكىن ئەلىس ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئالتۇن ئاچقۇچـ نى شىرەگە قويۇپ قويغانلىقى يادىغا كەلدى. ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن شىرەنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇستىگە قولى يەتـ مەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شىرەنىڭ پۇتىغا يامىشىپ باقتى. لېكىن بەك سىلىق بولغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇسـ تىگە چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارە ئولتۇرۇپ يىغلىـ ۋەتتى.

بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن شىرەنىڭ ئاستىدا بىر ئەينەك قۇتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قۇتىنى ئېچىپ قاـ رىۋىدى ئىچىدە كىچىك تورت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە «مېنى يەڭ» دېگەن خەتلەر ئۈزۈم بىلەن تىزىپ قويۇلغانىدى.

ئەلىس چوڭلاپ ياكى كىچىكلەپ كېتىشى بىلەن ھېـ سابلىشىپ ئولتۇرماي ھېلىقى تورتنى يەۋەتتى.







# كۆز يېشى كۆلچىكى

ئەلىس تورتنى يەپ بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا بېشى تورۇسقا تاقاشتى، ئەمدى ئۇنىڭ بويى كەم دېگەندە توققۇز چى كېلەتتى.

ئەلىس قولىنى سوزۇپ، ئۈستەلدىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئالدى ـ دە، كىچىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا باردى.

لېكىن ھازىرقى ئەلىس ھەدىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەلىستىن كۆپ چوڭ بولۇپ، پەقەت بىر كۆزى بىلەن ھېلىـ
قى ئىشىكتىن گۈللۈكنى ئارانلا كۆرەلەيتتى. باغچىغا قانداقـ
مۇ كىرەلىسۇن؟

شۇنىڭ بىلەن ئەلىس جايىدا ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغـ
لاشقا باشلىدى.

ئەلىس بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن، يىراقتىن «شىپ ـ شىپ» قىلغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئالدىراپ كۆز ياشـ





لىرنى سۈرتۈۋېتىپ، زەن قويۇپ قارىۋىدى، ھېلىقى ئاق توشقان كېلىۋېتىپتۇ. توشقان ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن



بولۇپ، بىر قولىدا بىر جۈپ ئاق پەلەي، يەنە بىر قولىدا يەلپۈگۈچ بار ئىدى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ: «ھەي، كىنەز خانىم! كىنەز خانىم! ئۇنى شۇنچە ئۇزۇن ساقلىتىپ قويدۇم. مېنى كۆرسە چوقۇم يەۋېتىدۇ! » دەيتتى.

توشقان يېقىنلاشقاندا ئەلىس ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولۇپ، قورقۇمسىرىغان ھالدا بوش ئاۋازدا:

— خاپا بولمىسىڭىز، ئەپەندىم، — ئەلىسنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپ توشقان قاتتىق چۆچۈپ، قولىدىكى ئاق پەلەي بىلەن يەلپۈگۈچنى تاشلىۋېتىپ، بەدەر قاچقىنىچە ئۆزىنى قاراڭغۇ جايغا ئالدى.

ئەلىس پەلەي بىلەن يەلپۈگۈچنى يەردىن ئالدى. زالنىڭ ئىچى ئىسسىق بولغاچقا، ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «ۋايجان، بۈگۈن ئەجەب قىزىق ئىشلارنى كۆردۈمغۇ!» دېدى. ئۇ تۈنۈگۈنكى ئۆزىنى يادىغا ئېلىپ، ھازىرمۇ ئۆزى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، دەرسلىك كىتابتىكى جۈملىلەرنى يادلاپ باقتى، لېكىن خاتا يادلاپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇيالمىغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. بىر ئادەم تىكەندەك يالغۇز قالسا نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە! ئۇ شۇلارنى ئويلاش بىلەن يەنە ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.





يىغلا ـ يىغلا، ئۇ يىغلاۋېتىپ قولىغا قاراپ سالدى. قو-
لىدىكى ھېلىقى توشقان كىيگەن ئاق پەلەينى كۆرۈپ ناھاي-
تى ھەيران قالدى. ئۇ: «مەن چوقۇم يەنە كىچىكلەپ كەتتىم»
دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شىرەنىڭ يېنىغا بېرىپ، بويى-
نى ئۆلچەپ باقتى. دەرۋەقە، كۆپ كىچىكلەپ كېتىپتۇ.
ئۇنىڭ ئىككى چىغا كېلىپ قالغان بويى داۋاملىق كىچىكلە-
ۋاتاتتى. ئۇ بۇنىڭ يەلپۈگۈچنىڭ كاراماتىدىن بولۇۋاتقانلىقى-
نى تۇيۇپ قالدى ـ دە، يەلپۈگۈچنى دەرھال تاشلىۋەتتى،
شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بولمىسا كىچىكلە-
ۋېرىپ يوقاپ كەتكەن بولاتتى.

«نىمىدېگەن خەتەرلىك» دېدى ئەلىس ئەرۋايى ئۇچقان
ھالدا.

بۇ چاغدا ئەلىس ئۇشتۇمتۇت تېيىلىپ كېتىپ يىقى-
لىپ چۈشتى. «پولتۇك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تۇزلۇق سۇغا
بوينىغىچە كىرىپ كەتتى. ئۇ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتىمى-
كىن، دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن قارىسا، دېڭىز ئەمەس بايا
بويى توققۇز چى بولۇپ قالغاندا تۆككەن كۆز ياشلىرىدىن
ھاسىل بولغان كۆلچەك ئىكەن.

ئەلىس ياش كۆلچىكىدە ئۈزدى. ھەرقانچە ئۈزۈپمۇ







چىقىش يولى تاپالمىدى. كېيىن يىراقتىن سۇنىڭ شالاپ ـ شۇلۇپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ يەرگە ئۈزۈپ بېرىپ قارىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ يوغان مورژنى كۆردى. كېيىن ئۆزىنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى يادىغا كەچتى ـ دە، دەرھال چۈشەندى، بۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش كۆلچەككە چۈشۈپ كەتكەن بىر چاشقان ئىدى.

ئەلىس ئويلىنىپ قالدى: بۇ يەردە ھەممە نەرسە غەلىتە ئىكەن، چاشقانمۇ گەپ قىلالىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆز ئاچتى:

ــ ھەي چاشقان! سەن كۆلچەكتىن چىققىلى بولىدىغان يەرنى بىلەمسەن؟ مەن تولا ئۈزۈپ ھېرىپ كەتتىم، ھەي چاشقان.

چاشقان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاراپ قويدى. لېكىن ھېچنېمە دېمىدى.

ئەلىس ئۇ ئىنگلىزچىنى بىلمەيدىكەن، چوقۇم فرانسىيە چاشقىنى، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلىس فرانسۇز تىلى دەسلىكىدىكى بىرىنچى جۈملىنى يادىغا ئېلىپ، كىتاب يادلىغاندەك فرانسۇزچە: «مېنىڭ مۈشۈكۈم نەدە؟» دېدى.

چاشقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ،





قورقىنىدىن غال ـ غال تىترىگىلى تۇردى، بۇ ھالنى كۆرگەن ئەلىس دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى:

— ئاپلا، كەچۈرگىن كەچۈرگىن! مەن سىنىڭ مۈشۈككە ئۆچلۈكۈڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ھە، مۈشۈكنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى چاشقان چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ، مۈشۈكنى ياخشى كۆرەمتىڭ!؟

ئەلىس ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى:

— ماقۇل، ماقۇل، ئۇنى ئىككىنچى تىلغا ئالماي، — ئەلىس ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يەنە سورىدى:

— سەن... سەن... سەن ئىتنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئەلىس چاشقاننىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، گېپىنى خۇشاللىق بىلەن داۋاملاشتۇردى:

— قوشنىمىزنىڭ كۈچۈكى بەك ياخشى. ئۇنى ئەكېلىپ ساڭا كۆرسىتىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇنى بىر دېھقان باققان. بىلەمسەنكىن، دېھقاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاشقاننى كۆرسىلا تۇتۇۋالىدىكەن...

ئاپلا، ئەلىس يەنە خاتا گەپ قىلىپ چاشقاننى رەنجىتىپ قويدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چاشقان جېنىنىڭ بارىچە







ئۈزۈپ، ئۈنىڭدىن يىراقلاشقا باشلىدى.

ئەلىس مۇلايىم تەلەپپۇزدا چاشقاننى چاقىرىپ:

— چاشقان، كەتمىگىن، يېنىپ كەل، مۈشۈك بىلەن ئىتنى ياخشى كۆرمىسەڭ، ئەمدى ئۇلارنى تىلغا ئالمايلى، — دېدى.

چاشقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يەنە ئەلىسنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— قىرغاققا چىقايلى، شۇ يەردە ساڭا تارىخىمنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئاڭلىساڭ مېنىڭ نېمىشقا مۈشۈك بىلەن ئىتقا ئۆچلۈكۈمنى بىلىپ قالىسەن.

دېمىسىمۇ شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى كۆلگە ئۆردەك، تۆگىقۇش، شاتۇت، بۈركۈت ھەم بىر قىسىم ئاجايىپ - غارايىب ھايۋانلار توشۇپ كەتكەنىدى.

ئەلىس ئالدىدا ئۈزۈپ يول باشلىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىرغاققا چىقىۋالدى.







# ئۇۋاللىق تارىخى

قىرغاقتا جەم بولغان بۇ بىر توپ «ئادەم» نىڭ ھەممىسىنىڭ بەدىنى ھۆل بولۇپ، خاپا كۆرۈنەتتى، يەنە كېلىپ بىئارام بولاتتى.

بىرىنچى مەسىلە قانداق قىلىپ بەدىنىنى قۇرۇتۇش ۋە ئىسسىتىش بولدى. ھەممەيلەن بۇ ھەقتە خېلى مەسلىھەت قىلدى. ئەلىس ئۇلار بىلەن كىچىكىدىن تونۇشىدىغاندەك ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا چاشقان ۋارقىراپ سۆزلىدى:

— ئولتۇرۇڭلار، ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار، سىلەرنى بىردەمدىلا قۇرۇتۇپ ھەم ئىسسىتىپ قويىمەن، — شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئولتۇردى.

چاشقان ئالىيجاناب مۆتىۋەر سىياقىدا يۆتىلىپ قويۇپ، تارىخ دەرسلىكىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ جۈملىلەرنى كىتاب







يادلىغاندەك يادلاشقا باشلىدى. بەزى ئىسىملارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئەستە قالدۇرۇشنىڭ تەسلىكىدىن ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئەلىس:

ــ بۇ گەپلەر مىنى پەقەت قىزىقتۇرالمىدى. خۇددى شام چايناۋاتقاندەك بولدۇم، ــ دېدى.

ــ ياخشى ئەمەسمۇ، ــ دېدى چاشقان، ــ شام ئادەمنى قۇرۇتىدۇ ھەم ئىسسىتىدۇ. يەپ يۇتقان بولساڭ قۇرۇپ، ئىسسىپ قالامسەن؟

ئەلىس ئەندىشە ئىچىدە جاۋاب بەردى:

ــ ياق، ئىسسىمىدىم، بايىقىغا ئوخشاش ھۆل پېتى توڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

چەتتە تۇرغان تۆگىقۇش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، جىددىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن گەپ باشلىدى:

ــ ئۇنداق بولسا، تەكلىپىم شۇكى، ھەممىمىز كوللېك-تىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەيلى.

ــ كوللېكتىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى دېگەن نېمە؟ ــ دېدى ئەلىس چۈشەنمەي.

ــ ھە، مۇشۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىز بىر قىلىپ بېقىشىمىز لازىم، ــ دېدى تۆگىقۇش.





تۆگىقۇش يەرگە داڭگال بىلەن يۇمىلاق قىلىپ مۇسابىقە لىنىيىسىنى سىزدى. ئاندىن مەيداندىكىلەرنى لىنىيىنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرغۇزدى ھەمدە:

— تەييارلان، يۈگۈر، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك مۇشۇ يۇمىلاق لىنىيە بويىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يېرىم سائەتتەك يۈگۈرۈپ ھەممەيلەننىڭ بەدىنى ئىسسىدى، شۇ ئەسنادا تۆگىقۇش ئۇشتۇمتۇت يەنە ۋارقىرىدى:

— مۇسابىقە ئاياغلاشتى! — كۆپچىلىك ھاسىرىغان پېتى كېلىپ تۆگىقۇشتىن:

— كىم ئۇتۇپ چىقتى، كىم ئۇتۇپ چىقتى؟ — دەپ سوراشتى.

تۆگىقۇش خېلى ئويلانغان بولسىمۇ، قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى. تۆگىقۇش ئاخىر سۆز ئاچتى:

— ھەممىمىز ئۇتتۇق، ھەممىمىزگە مۇكاپات بېرىلىشى كېرەك.

— مۇكاپاتنى كىم بېرىدۇ، — دەپ چۇرقىراشتى كۆپچىلىك.

— ئەلۋەتتە ئۇ بېرىدۇ، — دېدى تۆگىقۇش بارمىقى بىلەن ئەلىسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.







كۆپچىلىك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئەلىسنى قورشىۋالدى.

— مۇكاپاتنى بەر، مۇكاپاتنى چاققان بەر!

ئەلىس نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېدى تۇزلۇق سۇدا ھۆل بولمىغان بىر قۇتا كەمپۈت چىقىپ قالدى. ئەلىس كەمپۈتنى مۇكاپات تەرىقىسىدە كۆپچىلىككە تارقىتىپ بەردى.

لېكىن بىر تال كەمپۈت كېمىپ قېلىپ، چاشقانغا كەمپۈت تەگمىدى.

— مەن مۇكاپاتلانماسلىقىم كېرەكمۇ؟ — دېدى چاشقان.

— سەنمۇ مۇكاپاتلىنىشىڭ كېرەك، — دېدى تۆگىقۇش ئەلىسنىڭ قولىدىكى بىر تال كەمپۈتنى ئېلىپ چاشقانغا بەردى. كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەلىستىن:

— يانچۇقىڭدا يەنە نېمە بار؟ — دەپ سورىدى.

— بار - يوقى بىرلا ئويماق بار، — دېدى ئەلىس مەيۈس ھالدا.

— ئەكەل، — دېدى تۆگىقۇش.

كۆپچىلىك ئەلىسنى يەنە قورشىۋالدى. تۆگىقۇش ئويماقنى جىددىي رەۋىشتە ئەلىسقا ئۇزىتىپ «بىز سېنىڭ بۇ



چىرايلىق ئويماقنى كۆلۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىشىڭنى سوراي-مىز» دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە ھەممەيلەن ئاپىرىن ئېيتتى.

لېكىن ئەلىسقا بۇ بەك كۈلكىلىك تۇيۇلدى. كۆپچە-لىكنىڭ ئەستايىدىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈۋېتىشكە پېتىنالماي ئەستايىدىل قىياپەتتە تەزىم قىلىپ، ئويماقنى ئالدى.

بۇ چاغدا بايا چاشقاننىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىمەن، دېگىنى ئەلىسنىڭ يادىغا كېلىپ، چاشقاندىن تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

چاشقان چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى باشلىدى:







— ھەي! مېنىڭ ھېكايەم قۇيرۇقى مىسكىن ئۇزۇن ھېكايە...

ئەلىس چاشقاننىڭ قۇيرۇقىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزۇنلۇقىنى كۆردى. لېكىن نېمىشقا ئۇنى مىسكىن دەيدىكىنە؟ ئەلىسنىڭ ئەقلى يەتمىدى. شۇڭا، چاشقان ھېكايە ئېيتىۋاتقاندا پۈتۈنلەي مۇشۇ خىيال بىلەنلا بەند بولدى.

چاشقان سۆزلەۋېتىپ، ئەلىسنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلىسقا قاتتىق تەلەپپۇزدا:

— سەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىدىڭ، خىيالىڭ نەدە؟ — دېدى. ئەلىس ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن:

— كەچۈرگىن، مېنىڭچە سەن بەشىنچى دوقمۇشقا بۇرۇلدۇڭ، — دېدى.

— نەدىكى دوقمۇش، — چاشقان قاتتىق ئاچچىقلاندى.

— يەردىكى قومۇش دەمسەن؟ — دېدى ئەلىس، — مەن ساڭا تېپىشىپ بېرەي.

چاشقان غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— كۆتۈر بۇنداق گەپلىرىڭنى! سەن ماڭا ھاقارەت كەلتۈردۈڭ!



ئەلىس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ چاتاق تېرىغانلى-





قىنى تۇيۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— قەستەن قىلمىدىم، ھېكايەڭنى داۋاملاشتۇرساڭچۇ.

لېكىن چاشقان ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ناھايىتى تېزلا كېتىپ قالدى.

ئەلىس ناھايىتى پۇشايمان يېگەندەك ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ دېنام (ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مۈشۈك) بولۇپ قالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، چاشقاننى بىردەمدىلا تۇتۇپ كېلەتتى» دېدى.

شاتۇت دېنانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئەلىستىن سورىدى:

— بىئەدەپلىك قىلىپ سوراپ باقاي، دېنا دېگىنىڭ كىم بولىدۇ؟

— دېنا دېگەن مېنىڭ مۈشۈكۈم، ئۇ دېگەن چاشقاننى قالتىس تۇتىدۇ. ھە راست، ئۇ تېخى كىچىك قۇشلارنى تۇتۇشنىمۇ بىلىدۇ، تېخى! كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كىچىك قۇشلار ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ بولىدۇ، — دەپ گويا نۇتۇق سۆزلىگەندەك خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

بۇ سۆز كۆپچىلىكنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بەزى قۇشلار ئالدىراپ مېڭىشتى.







ئەلىس ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پۇشايمان قىلىپ: «بايام دېنانىڭ گېپىنى چىقارمىسام بوپتىكەن، قەدىرلىك مۇشۇكۇم! سېنى قاچانمۇ كۆرەرمەن»، شۇنداق دەپ بىچارە ئەلىسنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن تاق ـ تاق قىلغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ھېلىقى چاشقان نىيىتىدىن يېنىپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.





# ئاق توشقاننىڭ ئۆيىدە

كېلىۋاتقىنى چاشقان ئەمەس، ھېلىقى ئاق توشقان ئىدى. ئۇ خۇددى بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئەتراپقا پەرىشانلىق بىلەن قارايتتى.

ئەلىس ئۇنىڭ يەلپۈگۈچ بىلەن ئاق پەلەيىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. بۇ چاغدا ئەلىسمۇ ھەممە يەرنى ئىزدىشىپ بەردى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمىدى. ئۇ كۆلچەكتە ئۈزۈپ يۈرگەندىن بۇيان ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەندەك ئىدى. ھەتتا ھېلىقى ئەينەك شىرە ۋە كىچىك ئىشىكلىك زالمۇ كۆزدىن يوقالغانىدى.

ھايال ئۆتمەيلا توشقان ئەلىسنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— مارىيە، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەرھال ئۆيگە بېرىپ، پەلەي بىلەن يەلپۈگۈچنى ئەكەل، چاققان ماڭ!

ئەلىسنىڭ قورقۇپ ئەرۋايى ئۇچتى، ھېچنېمىنى ئاڭقى-





-رالماي ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى.

ئۇ يۈگۈرۈپ بىر كىچىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئىشىكتە مىس تاختاي ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئاق توشقاننىڭ ئۆيى» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىردى.

بۇ ئۆينىڭ دېرىزە تۈۋىدە بىر شىرە بولۇپ، ئۈستىدە بىر يەلپۈگۈچ ۋە ئاق ئەلتىردىن تىكىلگەن ئۈچ جۈپ پەلەي تۇراتتى. ئۇ يەلپۈگۈچ بىلەن بىر جۈپ پەلەينى قولىغا ئالدى. ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇرۇۋېدى، ئەينەك يېنىدىكى كىچىك بوتۇلكىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بوتۇلكىدا «مېنى ئىچىڭ» دېگەن خەتلەر بولمىسىمۇ، ئەلىس: «ئىچىپ باقسام چوقۇم بىرەر قىزىقچىلىق چىقىدۇ» دەپ ئويلاپ، بوتۇلكىدىكىنى ئىچىشكە باشلىدى. دەرۋەقە، بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولالمايلا، ئۇنىڭ بېشى تورۇسقا تاقىشىپ قالدى. ئەلىس بېشىنى پەس قىلىۋالدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆسۈۋاتاتتى. ئاخىر يەردە يېتىشقا مەجبۇر بولدى. بىر قولىنى ئىشىك تەرەپكە سوزدى، يەنە بىر قولىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ، بىر پۇتىنى مورىغا تىقىپ قويدى، ئەمدى ئۇ تالاغا چىقالمايتتى.

نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ تالادىن توشقاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:





— مارىيە، مارىيە! پەلىيمنى ئەكەل، — توشقان ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئەلىس قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ تىترىكىدىن پۈتۈن ئۆيمۇ لەرزىگە كەلدى. بىردەمدىن كېيىن توشقان ئىشىكنى ئاچقىلى كەلدى.





لېكىن ئىشككە ئەلىسنىڭ بىلىكى تىرىلىپ قالغاچقا، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ «دېرىزىدىن كىرەي» دېگىنى ئاڭلاندى.

توشقان دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئەلىس قولىنى چىقىرىپ چاڭگال سالدى، ئۇ ھېچنېمىنى تۇتالمىغان بولسىمۇ، چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن گۈپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينەكلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ بۇ ئاۋازلارغا ئاساسلىنىپ توشقان پارنىكتەك بىر نېمىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، دەپ پەرەز قىلدى.

ئارقىدىنلا توشقاننىڭ ئاچچىقلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— باسىن، باسىن، نەدىسەن؟ تېز كېلىپ مېنى يۆلە، مېنى يۆلە!

ئەينەكنىڭ سۇنغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— باسىن، دەپ باققىنە، دېرىزىدىكى نېمە ئۇ؟

— ۋاي ئاللا! بېگىم، ئۇ قول!

— قول! ۋۇ، ساراڭ، نەدە ئۇنداق يوغان قول بولسۇن؟

بۇ چاغدا ئەلىس ئالقىنىنى ئېچىپ يۇمغانىدى، يەنە چىرقىرىغان ۋە ئەينەكلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىر ئازدىن كېيىن هارۋا چاقىنىڭ ئاۋازى، شۇنىڭدەك







گۈدۈڭ ـ گۈدۈڭ سۆزلىشىشلەر ئاڭلاندى:

«يەنە بىر شوتىچۇ؟... مەن بىرنىلا ئاپتىمەن، يەنە بىرنى بىيل ئەكېلىۋاتقان... بىيل ئەكەل، ماۋۇ بۇلۇڭغا قوي... بولمايدۇ، تېخى يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىكەن... موردىن كىم چۈشىدۇ... بىيل چۈشىدۇ... بىيل، خوجايىن سېنى موردىن چۈشسۇن دەيدۇ!»

قانداقتۇر بىرنەرسە موردىن ئەلىسنىڭ پۇتىغا چۈشۈۋىدى، ئەلىس كۈچەپ بىرنى تەپتى.

«بىيل ئۇچۇپ چىقتى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا «قانداقراق؟ نېمە كۆردۈڭ؟... تېزرەك ئېيتقىنا... ۋايجان، نېمە بولۇپ كەتكىنىنى بىلەلمىدىم... هازىر كۆڭلۈم ئالاقزادە بولۇپ، يۈرىكىم ئورنىغا چۈشمەيۋاتىدۇ. پۈرژىنىغا ئوخشاش بىرنەرسە مېنى ‹پاق› قىلىپ ئېتىپ چىقىرىۋەتتى».

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، ئۇلار ئالدىراش هەرىكەتكە كەلدى. توشقاننىڭ «ئاۋۋال بىر چېلەك بىلەن سىناپ باقايلى» دېگىنى ئاڭلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىن كېيىنلا دېرىزىدىن تاشلار مۆلدۈردەك ئېتىلىشقا باشلىدى. بۇ تاشلار پولغا چۈشۈپ كاللەك ـ كاللەك تورتلارغا ئايلىنىپ قالدى.





ئەلىس «ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە يېسەم بەلكىم كىچىكلەپ قالارمەن» دەپ ئويلاپ، بىر پارچىنى يېۋىدى، دېگەندەك شۇ زامان كىچىكلىدى. ئۇ كىچىكلەپ ئىشىكتىن پاتقۇدەك بولغان چاغدا ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

سىرتتا بىرمۇنچە كىچىك ھايۋان ۋە قۇشلار بىچارە پاتمىچۇقنى — ھېلىقى بىيلنى چۆرىدەپ تۇراتتى. ئۇلار ئەلىسنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لېكىن ئەلىس جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ تىنچ ئورمانلىققا بېرىۋالدى.

ئەلىس ئورمانلىقتا بىر تۈپ چېچەكسەيگە يۆلىنىپ ھاردۇق ئالدى. يېنىدىكى موگۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۇنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلەتتى. ئەلىس پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بويىنىنى سوزۇپ، موگۇنىڭ ئۈستىدە نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ قارىۋېدى، يوغان يېشىل كېپىنەك قۇرتىغا كۆزى چۈشتى. ھېلىقى كېپىنەك قۇرتى موگۇنىڭ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ، تۇركىيىنىڭ ئۇزۇن چىلىمىنى شوراپ بەخىرامان ئولتۇراتتى.







# كېپىنەك قۇرتىنىڭ تەكلىپى

كېپىنەك قۇرتى بىلەن ئەلىس بىر هازاغىچە ئۈنچىقماي بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاخىر بولماي كېپىنەك قۇرتى ئاغزىدىكى چىلىمنى ئالدى ـ دە، مۆگدەك بېسىۋالغان ئادەمدەك ئەزمىلىك بىلەن سۆز ئاچتى:

— سەن كىم بولىسەن؟

ئەلىس ئويلىنىۋېلىپ، خىجالەت ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— مەن... مەن هازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەپەندىم، بۈگۈن ئەتىگەن كىملىكىمنى بىلەتتىم. لېكىن كېيىن نەچچە قېتىم ئۆزگەردىم. هازىر ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ، ئەپەندىم.

— قارىمەيمەن!

— ئەپەندىم، بۇنىڭدىنمۇ ئېنىقراق چۈشەندۈرەلمەيمەن، بىر كۈندە شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىپ گاڭگىراپ قالدىم.





— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كېپىنەك قۇرتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئەلىس ناھايىتى ئوچۇق كۆ-
ڭۈللۈك بىلەن، — مەن كۆرگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ ئىش-
لارنى كۆرۈپ باقمىغان ئوخشىماسىز؟ سىزمۇ بىر كۈنده
نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ باققان بولسىڭىز، چوقۇم ھەيران قا-
لاتتىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ - يا؟

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايمەن.

— ئەمىسە، — دېدى ئەلىس سەل ئويلىنىۋېلىپ، —
سىزنىڭ تۇيغۇڭىز بىلەن مېنىڭكى ئوخشىمىسا كېرەك.
لېكىن مەن راست گاڭگىراپ قالدىم، بىر خىل قىياپىتىمنى
ئون مىنۇتمۇ ساقلاپ قالالمايمەن.

— سەن قانچىلىك بولساڭ بولاتتى؟

— ئەپەندىم، ئەگەر سىزگە باشقىچە تۇيۇلمىسا يەنە
ئازراق ئېگىزلىۋالسام بولاتتى. ئادەم ئۈچ سۇڭ كېلىدىغان
بوي بىلەن بەكمۇ بىچارە بولۇپ قالىدىكەن.

— بۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق بوي!

— لېكىن مەن بۇ بويغا كۆنەلمىدىم.

— ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆنۈپ قالىسەن، — كېپىنەك قۇرتى
سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە چىلىمىنى شوراشقا باشلىدى.







بىر ~ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئاغزىدىن چىلىمنى ئېلىۋېتىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئەسنىۋالدى. ئاندىن بىر كېرىلىۋېتىپ موگۇدىن چۈشتى ـ دە، ئوتلاقتا ئۆمىلەۋېتىپ:

ــ بىر تەرىپى سېنى ئېگىزلىتىدۇ، يەنە بىر تەرىپى كىچىكلىتىدۇ، ــ دەپ قويدى.

ــ نېمىنىڭ بىر تەرىپى؟ ــ ئەلىس چۈشىنەلمەي سورىدى. «موگۇنىڭ» دەپ قويۇپلا، ھەش ـ پەش دېگۈچە كېپىنەك قۇرتى كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلىس موگۇغا زەن قويۇپ قارىدى. موگۇ يۇمىلاق بولۇپ ئۇ تەرەپ، بۇ تەرەپنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئەلىس قوللىرىنى سوزۇپ، موگۇنى قۇچاقلىدى ـ دە، ھەربىر قولىغا بىر پارچىدىن موگۇ سۇندۇرۇۋالدى.

ئەلىس ئىككى قولىدىكى موگۇغا قاراپ «بۇنىسى قايسى تەرەپ، ئۇنىسى قايسى تەرەپ بولار؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئوڭ قولىدىكىدىن بىر چىشلەم يەپ سىناپ باقماقچى بولدى. ئاغزىغا سېلىشىغا ئېڭىكىگە بىر نېمە قاتتىق تەگكەندەك بولدى ــ ئەسلىدە ئېڭىكى پۇتىغا تاقاشقانىدى.

بۇنداق تېز ئۆزگىرىشتىن ئۇ قورقۇپ كەتتى. ھازىر كىچىكلەپ «ئادەم»گە ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سول قولىدىكى موگۇنى دەرھال ئاغزىغا سالماقچى بولدى.







لېكىن ئېڭىكى ئېغىزىنى ئاچالمىغۇدەك دەرىجىدە پۇتىغا تاقىشىپ قالغاچقا، بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئازراق چىشلىۋالغانىدى، بوينى سەل ئۇزاردى.

كېيىن سول قولىدىكى موگۇدىن يەنە يېدى. لېكىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەلىس مۇرىسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن ئۇزۇن بوينى دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ئورمانلىقتىكى ھەرقانداق دەرەختىن ئېگىز ئىدى.

ئەلىسنىڭ بوينى يىلانغا ئوخشاش ھەريانغا خالىغانچە تولغىناتتى. ئۇ بوينىنى ئېگىپ ئوڭ قولىدىكى موگۇنى ئازراق يېگەنىدى، بوينى قىسقاردى. ئەلىس ئوڭ قولىدىكىدىن بىر چىشلەم، سول قولىدىكىدىن بىر چىشلەم يەپ، بۇرۇنقى ئېگىزلىكىگە كەلگەندە، ھېلىقى باغ يادىغا كېلىپ شۇ باغقا بارماقچى بولدى.

بىردەم مېڭىپ تۇيۇقسىز بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ يەردە ئېگىزلىكى تۆت چى كېلىدىغان بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى. ئەلىس «بۇنداق ئېگىز بويۇم بىلەن كىرسەم، ئۇلار چوقۇم قورقۇپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئوڭ قولىدىكى موگۇدىن بىر چىشلەم يەپ، توققۇز سۇڭ ئېگىزلىككە ئۆزگىرىپ، ھېلىقى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.







# قارىمۇچ ئاشخانىسى ۋە چوشقا بالا

ئەلىس ئۆينىڭ يېنىدا بىر ~ ئىككى مىنۇت تۇرۇپ، فورما كىيگەن بېلىقباشلىق ئادەمنىڭ ئورمان ئىچىدىن چىقىپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇۋاتقان‐لىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئىشىكنى ئاچقىلى چىققان ئادەممۇ فورما كىيگەن بولۇپ، چىرايى پاقىغا ئوخشايتتى. ھېلىقى فورما كىيگەن بېلىقباشلىق ئادەم ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك يوغان خەتنى قولتۇقىدىن ئېلىپ پاقا ئادەمگە بەرگەندىن كېيىن جىددىي رەۋىشتە: «كىنەز خانىمغا تېگىدۇ، خانىش ئۇنى توقماق توپ ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا تەزىم قىلىشىپ، بېلىقباش ئادەم قايتىپ كەتتى. ئىشىكنى ئاچقىلى چىققان پاقا خىزمەتكار ئىشىك ئالدىدا ساراڭدەك ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەلىس ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئىشىكنى بوش







چەكتى، ھېلىقى پاقا خىزمەتكار ئۇنىڭغا:

— ئىشىك قاققىنىڭ بىكار، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا تالادا تۇرسام، ئەگەر ئىچىدە بولغان بولسام، سېنى كىرگۈزەتتىم، لېكىن ھازىر مەنمۇ بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن. ئۆيدىكىلەر قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشۋاتىدۇ، ئىشىك چېكىلگەننى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە بىز قانداق كىرىمىز؟

— بۇ يەردە ئەتە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرماقچىمەن.

— لېكىن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىمەن. ئولتۇرىمەن، ماڭىمەن، ماڭىمەن، ئولتۇرىمەن. بۈگۈندىن ئەتىگىچە، ئەتىدىن ئۆگۈنگىچە...

— ئەمىسە مەن نېمە قىلىمەن؟

— مەن مۇشۇنداق قىلىمەن.

ئەلىس ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تىتىلداپ كەتتى. بۇ دەلتىگە ھېچنېمىنى چۈشەندۈرگىلى بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ، ئۆزى ئىشىكنى ئىچىپ كىرىپ كەتتى.

ئىشىكتىن كىرگەندىلا بىر ئاشخانا بولۇپ ئىس ـ تۈتەككە توشقانىدى. كىنەز خانىم ئۈچ پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بالا بېقىۋاتاتتى. بىر موماي ئوچاق بېشىدا





چوڭ قازاندىكى شورپىنى ئىلەشتۈرۈۋاتاتتى.

ــ شورپىغا قارىمۇچ جىق سېلىنىپ كېتىپتۇ! ــ ئەلىس توختىماي چۈشكۈرۈپ ئارانلا شۇ گەپنى دېيەلىدى.

كىنەز خانىممۇ پات ـ پات چۈشكۈرۈپ تۇراتتى، هېلىقى بوۋاقمۇ بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن چۈشكۈرەتتى. پەقەت موماي بىلەن يوغان مۈشۈكلا چۈشكۈرمەيتتى، مۈشۈك ئوچاقنىڭ يېنىدا هجىيىپ ياتاتتى.

كۈلگۈنچەك مۈشۈكنى كۆرگەن ئەلىس هەيران بولۇپ، ئېهتىيات بىلەن سورىدى:

ــ مۈشۈكىڭىز نېمىشقا مۈشۈنداق كۈلۈپ تۇرىدۇ؟

ــ باشقا يۇرتنىڭ مۈشۈكى بولغاچقا كۈلۈپ تۇرىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى كىنەز خانىم قوپاللىق بىلەن.

بۇ چاغدا موماي قازاننى ئېچىپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى كىنەز خانىم ۋە بوۋاققا قارىتىپ قالايمقان ئاتقىلى تۇردى. لېكىن كىنەز خانىم قىلچە پەرۋا قىلمايتتى، بوۋاق ئەسلىدىلا قاتتىق يىغلاۋاتقاچقا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بوۋاققا تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

لېكىن ئەلىس قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئالدىراپ ـ تېنەپ:





— ۋايجان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ قاراڭ، بالىنى ئۇرۇپ كاردىن چىقىرىپ بولدىڭىز!

— ھىم! — دېدى كىنەز خانىم قوپاللىق بىلەن، — ھەممە ئادەم باشقىنى قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسا يەر شارى ھازىرقىدىنمۇ تېز ئايلانغان بولاتتى!

ئاندىن كېيىن كىنەز خانىم ناھايىتى يېقىمسىز بىر ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدا بوۋاقنى قاتتىق سىلكىپ قوياتتى. ئەللەي ناخشىسىنى تۈگىتىپ، كىنەز خانىم بوۋاقنى ئەلىسنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بەردى.

— ئاله، خالىساڭ بىرئاز كۆتۈرۈپ قوي، مەن ھازىر خانىش بىلەن توقماق توپ ئوينىغىلى بارىمەن.

شۇنداق دەپ ئۇ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بوۋاقنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ، كۆزلىرى كىچىك، قۇلاقلىرى يوغان، بۇرنى ئۇزۇن، خارتىلداپ نەپەس ئالاتتى. يىغلىغاندا كۆزىدىن ياش چىقمايتتى، ھەمىشە خورتۇلداپ تۇراتتى. ئەلىس كۆپ ئويلاپ، ئاخىر «بۇ چوشقا كۈچۈكى ئىكەن» دېگەن يەرگە كەلدى. بۇنداق نەرسىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشمۇ گەپ بولدىمۇ، ئەلىس ئۇنى يەرگە قويۇپ







بىرىپ، ئورمانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئورمانلىقتا بىر مۈشۈكنىڭ شاخ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئەلىس ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئېيتىپ بەرسەڭ، بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن قايسى يولدىن ماڭسام بولىدۇ؟

مۈشۈك ئوڭ پۇتى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاۋۇ تەرەپتە شىلەپىچى بار» دېدى، سول پۇتى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ماۋۇ تەرەپتە مارت توشقىنى ئولتۇرىدۇ»، «ھەر ئىككىلىسى ساراڭ» دەپ قوشۇپ قويدى.

— ساراڭلارنىڭ يېنىغا بېرىشنى خالىمايمەن، — دېدى ئەلىس.

— ئۇنىڭغا ئامال يوق، — دېدى مۈشۈك، — چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساراڭ. مەنمۇ ساراڭ، سەنمۇ ساراڭ.

— ساراڭلىقىمنى نەدىن بىلىسەن؟

— سەن چوقۇم ساراڭ، بولمىسا بۇ ياققا يولىمايتتىڭ.

ئەلىس گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئۇيلىغانسېرى گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئەلىس مۈشۈكنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە، مارت توشقىنى تۇرىدىغان تەرەپكە











قاراپ ماڭدى. «مارت توشقىنى ئىنتايىن قىزىق بولسا كېرەك، چۈنكى هازىر ماي ئېيى، ئۇ ئۇنچىۋالا ساراڭلىق قىلماس» دەپ ئويلىدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن مارت توشقىنىنىڭ ئۆيىنى كۆردى: ئۆيىنىڭ تۈرخۈنى توشقاننىڭ قۇلىقىغا ئوخشايتتى. ئۆگزە توشقان تۈكىدە يېپىلغانىدى. ئۆي ناهايىتى چوڭ بولۇپ، ئەلىس يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي، سول قولىدىكى موگۈنى بىر چىشلەم يەپ، ئىككى چى ئېگىزلىكتە بولۇۋالدى ـ دە، ئۆيگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن ماڭدى.





# ساراڭلارنىڭ چاي زىياپىتى

ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىگە شىرە قويۇلغانىدى. مارت توشقىنى بىلەن شىلەپىچى ئۇ يەردە چاي ئىچىشىۋاتاتتى. بىر ئۈيقۇچى چاشقان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنى تىرەنچۇك قىلىپ، قوللىرىنى ئۇستىگە ئارتىۋالغان ھالدا، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئۇزۇنچاق شىرە خېلى چوڭ بولسىمۇ، بىر بۇرجەككە قىسىلىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئەلىسنى كۆرۈپ: «جاي قالمىدى، جاي قالمىدى» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئەلىس خاپا بولۇپ:

— جاي جىق تۇرمامدۇ، — دېگىنىچە توشقاننىڭ يېنىدىكى يۇمىلاق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

مارت توشقىنى ئەلىسنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزغىنلىق بىلەن.

— ھاراق ئىچەمسەن؟ — دېدى.





ئەلىس شىرەگە زەن سېلىپ قارىدى، شىرەدە چايدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئەلىس سەل خاپا بولۇپ: «ھاراق يوق تۇرۇپ، ئادەمنى ھاراققا تەكلىپ قىلىش ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟» دېدى.

— سېنىڭ ھېچبىر تەكلىپسىز ئولتۇرغىنىڭنىڭ ئۆزى ئەدەپسىزلىك، — دېدى مارت توشقىنى جاۋابەن.

— شىرەگە شۇنچىۋالا چىنە ـ قاچا تىزىپ قويۇپسىلەر. مېھمان ئۈچىڭلارلا ئەمەسسىلەر؟ — دېدى ئەلىس.

شىلەپىچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزىنى چەكچەيتتى. لېكىن ئەلىستىن:

— بۈگۈن ئايغا نەچچە؟ — دەپ سورىدى.



— ئايغا تۆت بولدى، — ئەلىس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى. شىلەپچى:

— ئىككى كۈننى خاتا ئېيتتىڭ! — دېگەندىن كېيىن، خاپا بولۇپ مارت توشقىنىغا:

— ساڭا ئېيتىپ قوياي، سائەتنى سېرىقمايغا چىلاشقا بولمايدۇ، — دېدى.

— لېكىن بۇ دېگەن ئەڭ ياخشى سېرىقماي تۇرسا، — دېدى مارت توشقىنى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن.

— لېكىن بىرمۇنچە بولكا ئۇۋاقلىرى كىرىپ كەتتى. بولكا توغرايدىغان پىچاقنى سائەتنى مايلاشقا ئىشلەتمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

مارت توشقىنى سائەتنى ئېلىپ ئىستاكانغا بىردەم چىلىغاندىن كېيىن، ئىستاكاندىن ئېلىپ ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى.

— بۇ سائەتتىن كۈننى كۆرگىلى بولىدىكەن، لېكىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدىكەنغۇ؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى ئەلىس.

— سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىغا قاراپ نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى شىلەپچى غودۇڭشۇپ.

— سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىغا قارىمىساڭلار ۋاقىتنى







ئىسراپ قىلىۋېتىسىلەر، ــ دېدى ئەلىس سەممىيلىك بىلەن.

ــ ئەگەر سەنمۇ ۋاقىت بىلەن بىزدەك تونۇش بولغان بولساڭ، ــ دېدى شىلەپىچى، ــ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىدە گەپ قىلمىغان بولاتتىڭ.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ سەن ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسەن، ــ دېدى شىلەپىچى تەكەببۇرلۇق بىلەن، ــ پەرەز قىلىشىمچە سەن ۋاقىت بىلەن سۆزلىشىپمۇ باقمىغاندەك قىلىسەن.

ــ راست، سۆزلىشىپ باقمىدىم. لېكىن مۇزىكا ئۆگەنگەندە ۋاقىتقا كەلتۈرۈپ چالاتتىم، ــ دېدى ئەلىس.

ــ ئۇنى چېلىۋەرسەڭ ئۇ ئۇنىماتتى؟ ــ دېدى شىلەپىچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنىدارچىلىقىڭ ياخشىراق بولسا، ۋاقىتنىڭ قانداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەن سائەت يەتتىدە سەن مەكتەپكە بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر ۋاقىتنىڭ قۇلىقىغا بىر ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويىدىغان بولساڭ، «دىررىدە» پىرقىراپ، سائەت 11 يېرىمغا كېلىدۇ. بۇ دەل تاماق يەيدىغان ۋاقىت.

ــ لېكىن قورسىقىم ئاچمىغان تۇرسا، ــ دېدى ئەلىس.





— دەسلەپتە ئاچماسلىقى مۇمكىن، — دېدى شىلەپىچى ناھايىتى كۆچەپ چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن سائەتنى 11 يېرىمدا قانچىلىك تۇرغۇزساڭ بولىۋېرىدۇ.

— سەن شۇنداق قىلامتىڭ؟

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى شىلەپىچى مەيۇسلىنىپ، — بىر قېتىم ناخشا ئېيتقاندا خاتا ئېيتىپ قويۇپ، ۋاقىتنى رەنجىتىپ قويدۇم، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭدىن بىر نېمە تەلەپ قىلسام ئۇنىمايدىغان بولىۋالدى. شۇڭا ھازىر ۋاقىت ھەمىشە ئالتىدە تۇرىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىس شىرەدە نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئىستاكان، چەينەكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى چۈشەندى. چۈنكى ئالتە دەل چاي ئىچىدىغان ۋاقىت ئىدى.

بۇ چاغدا مارت توشقىنى ئەسنەپ تۇرۇپ گەپ قىستۇردى: «باشقا گەپ قىلايلىچۇ، ئۇيقۇچى چاشقان ھېكايە ئېيتىپ بەرسۇن».

بۇ چاغدا ئۇلار ئۇيقۇچى چاشقاننىڭ بۇرنىغا ئىسسىق چاي قۇيدى، چاشقان كۆزىنى ئېچىپ، ئۇزۇن ئەسنىۋېتىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئۆتۈپتىكەن، ئۇلار بىر قۇدۇقتا تۇرىدىكەن...







شۇنداق دەپ قويۇپ ئۈيقۇچى چاشقان كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا باشلىدى. شىلەپچى ئۇنىڭ بۇرۇتىنى قاتتىق تارتىۋىدى، ئۈيقۇچى چاشقان چىرقىراپ ئويغىنىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ بىردەم سۆزلەپ، بىردەم ئۇخلاپ قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدى.

ئەلىس بۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپ بەك زېرىكىپ كېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى، نەچچە قەدەم مېڭىپ، كەينىگە قاراپ ئۇلارنىڭ ھەدەپ قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئۈيقۇچى چاشقاننى چەينەككە تىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەلىس ئورمانلىقتىكى يولدا كېتىۋېتىپ، يوغان دەرەخنىڭ ئۇستىدىكى بىر ئىشىكنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

ئىشىكنىڭ ئىچى باشقا جاي ئەمەس، ئۇ بۇرۇن يىغلىغان ئۆي ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئەينەك شىرەنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە «ئەمدى ئوبدان ئوينىۋالىدىغان بولدۇم» دەپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئاندىن ئوك يانچۇقىدىكى موگۇدىن بىر چىشلەم يەپ، بىر چى كەلگۈدەك پاكارلىغاندا ھېلىقى تار يول بىلەن مېڭىپ، چىرايلىق باغقا ئاخىر يېتىپ باردى.





# خانىشنىڭ توقماق توپ مەيدانى

باغچىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن يەردە ئاق ئېچىلغان بىر توپ چوڭ ئەتىرگۈل دەرىخى بار ئىدى. لېكىن ئۈچ باغۋەن گۈللەرنى قىزىلغا بوياۋاتاتتى. ئەلىس بىردەم قاراپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۇلاردىن سورىدى.

— ھەي، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — قاراڭ خېنىم، بۇ يەرگە قىزىل ئەتىرگۈل تىكىش كېرەك ئىدى، بىز ئېقىنى تىكىپ قويۇپتۇق، ئەگەر خانىش بىلىپ قالسا كاللىمىزنى ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ يېتىپ كەلمەستە...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— خانىش كەلدى! خانىش!

ھېلىقى ئۈچى دەرھال يەرگە يۈكۈنۈشتى. خانىشنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەلىس ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.







ئالدى بىلەن كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئون ئەسكەر، كەينىدىن ئون ئەمەلدار، ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئون شاھزادە ۋە مەلىكە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن مېھمان كېلىۋاتاتتى. ئاق توشقانمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ كەينىدىن تاجنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغان قىزىل يۈرەك (تاپان) ياساۋۇل، ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھ بىلەن خانىش كېلىۋاتاتتى.

قوشۇن ئەلىسنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ھەممىسى توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى. خانىش قوپال تەلەپپۇزدا:

— بۇ قىزچاق كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلىس ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ بەختى زىيادە بولغاي، ئىسمىم ئەلىس بولىدۇ.

— ياخشى، سەن توقماق توپ ئويناشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى خانىش.

— بىلىمەن، — دېدى ئەلىس ئېھتىيات بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى خانىش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بۇياققا كەل!

ئەلىس سەپكە قوشۇلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «بۇگۈن ھاۋا ئەجەب ياخشى ـ ھە!» دېگەن بوش ئاۋاز ئاڭلاندى.







ئۇ كەينىگە قارىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭغا ھېلىقى ئاق توشقان گەپ قىلىۋاتاتتى. توشقان ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چاتاق تاپقان ئەلىس ئىكەنلىكىنى تونۇمىدى. «شۇنداق» دېدى ئەلىس «كىنەز خانىم قېنى؟» دەپ سورىدى كىنەز خانىمنى يادىغا ئېلىپ.

— كىنەز خانىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىگە قاماپ قويۇلدى، — دېدى ئاق توشقان ئېھتىيات بىلەن، — چۈنكى ئۇ خانىشنى بىر كاچات سالغانىدى...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خانىش گۈلدۈرمامىدەك ۋارقىرىدى:

— كۆپچىلىك ئورنۇڭلارغا بېرىپ تۇرۇڭلار!

شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بىر ~ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۆز جايىنى تېپىشتى. شۇنىڭ بىلەن توپ ئويناش باشلاندى. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ غەلىتە توپ مەيدانى ئىدى: يەر ئېگىز - پەس، ئازراقمۇ تۈز يېرى يوق ئىدى. تىرىك كىرپە توپ قىلىنغان، قىزىل قاقىر كالتەك قىلىنغان، ئەسكەرلەر ئېگىلىپ تۆت ئاياغلىق بولۇپ ۋاراتا ھاسىل قىلغانىدى. خانىش دائىم ئاچچىقلاپ، ھەر مىنۇتتا دېگۈدەك: «ئۇنىڭ كاللىسىنى





ئېلىڭلار، كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى.

توپنى بۇنداق ئويناش ئۇسۇلىدىن ئەلىس گاڭگىراپ قالدى. ئۇ بىرەر يول تېپىپ تىكىۋەتمەكچى بولدى. شۇ ئەسنادا بوشلۇقتا كۈلگۈنچەك مۇشۇكنىڭ بېشى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلىسقا:

— سېنىڭچە قانداقراقكەن؟ — دېدى.

ئەلىس سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭچە ئۇلار ئادىل ئويىنمايدىكەن، ھەممىشە ئۇرۇشىدىكەن، قائىدىسىمۇ يوق ئىكەن.

— خانىش ساڭا يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوش ئاۋازدا.

— ئۇنى ئازراقمۇ ياقتۇرمىدىم. ئۇ ناھايىتى... — ئۇ كەينىدە خانىشنىڭ تىڭشاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى - دە، دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، — توپقا ناھايىتى ئۇستىكەن، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمىگۇدەكمەن.

خانىش كۈلۈمسىرەپ:

— كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاۋۇ دوستۇم — كۈلگۈنچەك مۇشۇك بىلەن.

چەتتە تۇرغان پادىشاھ:

— ئۇ ماڭا ياقمىدى، بىراق، خالىسا، قولۇمنى سۆيۈپ قويسا بولىدۇ، — دېدى.







— سۆيمەيمەن، — دېدى مۈشۈك.

— ئەمىسە كاللاڭنى ئالىمەن، — دېدى غەزەپلەنگەن پادىشاھ.

پادىشاھ جاللاتنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ يەردىن كەتتى. ئەلىس يىراقتىن خانىشنىڭ «كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئۈچ ئادەمنى كۆرۈپ باققىلى باردى. ئۇ يېنىپ كەلگەندە پادىشاھ جاللات بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى.

— تېنى يوق كاللىنى كەسكىلى بولمايدۇ، — دەيتتى جاللات.

— كاللىسى بولغانىكەن كەسكىلى بولىدۇ! — دەيتتى پادىشاھ.

ئەلىس ئۇلارغا نەسىھەت قىلغۇدەك گەپ تاپالماي:

— بۇ كىنەز خانىمنىڭ مۈشۈكى، ئەڭ ياخشىسى شۇنىڭدىن سوراڭلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جاللاتقا بۇيرۇدى:

— ئۇ تۈرمىدە، ئۇنى ئېلىپ كەل!

جاللات ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. لېكىن كىنەز خانىم كەلتۈرۈلگەندە بولسا بوشلۇقتىكى مۈشۈكنىڭ بېشى پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى. پادىشاھ بىلەن جاللات ھەممە





يەرنى ساراڭلاردەك ئاختۇرۇشقا باشلىدى، باشقىلار توپ ئوينىغىلى كەتتى.

خانىش كىنەز خانىمنى كۆرۈپ قېلىپ «كاللاڭنى ئالايمۇ ياكى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلامسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى.

كىنەز خانىم ئەلۋەتتە كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىنى خالىمايتتى، ئۇ دەرھال يوقالدى.

خانىش ئەلىس بىلەن مەيداندا داۋاملىق توپ ئوينىدى. خانىش توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، ھېلى بۇنىڭ «كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىسا، ھېلى ئۇنىڭ «كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەيتتى. ئاخىرىدا پادىشاھ، ئەلىس، خانىشتىن باشقا ھەممە ئادەم دېگۇدەك ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ چاغدا خانىش ئەلىسقا دەرغەزەپ بىلەن:

— مەن قايتىپ ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىنى نازارەت قىلىمەن، — دېدى.

ئەلىس يالغۇز زېرىكىپ تۇرغاندا، يىراقتىن «سوراق باشلاندى، دېلونى سوراق قىلىش باشلاندى!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەلىس ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.







# سوراق

ئەلىس سوراقخانىغا كىرىپ، تاپان پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى، يەنە نۇرغۇن زاسېداتېل ۋە چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردە ھەر خىل قۇشلار، ھايۋانلار، قارتىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاپان ياساۋۇل زەنجىر بىلەن باغلانغان بولۇپ، يېنىدا بىر ئەسكەر ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. پادىشاھنىڭ يېنىدا بىر قولىدا قېلىن قەغەزگە يېزىلغان ئالاقىلەرنى، يەنە بىر قولىدا مىس كانايىنى تۇتۇپ توشقان تۇراتتى. سوراقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر تاۋاق گۆشنان قويۇلغانىدى.

پادىشاھ سوتچى، 12 ئادەم زاسېداتېل ئىدى.

12 زاسېداتېلنىڭ ئالدىدا خەت يازىدىغان بىردىن تاش تاختاي بولۇپ، ھەممىسى بېشىنى ئېگىپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى.







ئەلىس بۇ 12 ئادەمگە قاراپ، يېنىدىكى قىزىل سۇمۇرغىدىن سورىدى:

— سوراق باشلانمىغان تۇرسا، ئۇلار نېمە يېزىۋاتىدۇ؟

— ئۇلار سوراق تۈگىگەندە ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋاتىدۇ، — دېدى قىزىل سۇمۇرغ.

— ۋۇ، گالۋاڭلار! — ئەلىس تىللىدى يۇ، دەرھال ئاغزىنى يۇمدى. چۈنكى ئاق توشقان «جىم بولۇڭلار!» دەپ توۋلاۋاتاتتى.

ئەلىس زاسىداتىللارنىڭ كەينىگە تۇيدۇرماي بېرىپ، پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «ۋۇ، گالۋاڭلار» دەپ يېزىپ قويغانلىقىنى كۆردى. بىر زاسىداتىل تېخى «گالۋاڭ» نى قانداق يېزىشنى بىلمەي، يېنىدىكىدىن سوراپ ئاران يازدى.

بۇ چاغدا پادىشاھ «پەرمانچى شىكايەتنامىنى ئوقۇيدۇ» دەپ جاكارلىدى.

ئاق توشقان كانايىنى بىر چېلىۋېتىپ، قېلىن قەغەزنى ئاچتى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى:





مەززىلىك گۆشنان پىشۇردى،
تاپان خانىش گۆش توغراپ.
ياساۋۇلنىڭ يېگۇسى كەپ،
ئېلىپ كەتتى ئوغرىلاپ!

ئارقىدىنلا پادىشاھ زاسېداتىلغا «بىرىنچى گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈڭلار!» دېدى.

ئاق توشقان كانايىنى ئۈچ قېتىم چېلىپ «بىرىنچى گۇۋاھچى چىقسۇن» دەپ ۋارقىرىدى.

بىرىنچى گۇۋاھچى ھېلىقى شىلەپىچى ئىدى. ئۇ بىر قولىدا ئىستاكان، بىر قولىدا بولكا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى ئەپۇ قىلسىلا، سىلەر مېنى چاقىرغاندا تېخى چېيىمنى ئىچىپ بولالمىغانىدىم.

ــ سەن چايىنى قاچان ئىچىشكە باشلىغان؟ ــ دەپ سورىدى پادىشاھ.

ــ مېنىڭچە 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن تارتىپ ئىچىشكە باشلىغان.

ــ ياق، 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ــ دېدى چەتتە تۇرغان





مارت توشقىنى.

ــ ياق، 16 ـ كۈندىن باشلاپ، ــ دېدى ئۇيقۇچى چاشقان.

زاسېداتىللار بۇ سانلارنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن قوشۇپ، نەچچە يۈەن، نەچچە مو، نەچچە پۇڭ، نەچچە لىغا سۇندۇرۇپ چىقتى.

پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئەمىسە ئىسپاتىڭنى تېز سۆزلە، بولمىسا دەرھال جېنىڭنى ئالىمەن.

بۇ گەپ شىلەپىچىنى قورقىتىۋەتتى، ئۇ ھودۇقۇپ كەت-كەنلىكتىن بولكىنى چىشلەيمەن دەپ ئىستاكاننى چىشلىۋال-دى.

دەل شۇ چاغدا ئەلىس سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بويى ئۆسۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئۇيقۇچى چاشقان خاپا بولۇپ «مېنى بۇنداق قىستىما، نەپەس ئالالمايۋاتىمەن» دېدى.

ئەلىس ئۆزرىخالىق ئېيتتى:

ــ مېنىڭ ئامالىم يوق، مەن ئۆسۈۋاتىمەن.

ــ لېكىن ئۆسۈشىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەكقۇ، كىم







ساڭا ئوخشاش بۇنداق كېلەڭسىز ئۆسىدۇ، ــ ئۇيقۇچى چاشقان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، سوراقخانىنىڭ نېرىقى چېتىگە كەتتى.

سوراق داۋاملىشىۋاتاتتى، لېكىن سورىغانسېرى سوراق تېمىدىن چەتنەپ كەتتى.

شىلەپىچى تىترەپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

ــ مېنىڭچە، چېيىمنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مەندىن گەپ سورىساڭلار.

پادىشاھ «سەن كەتسەڭ بولىدۇ» دېيىشىگە شىلەپىچى چۈشۈپ قالغان ئايىغىغا قارىماي سوراقخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

پادىشاھ يەنە توۋلىدى:

ــ ئىككىنچى گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈڭلار!

ئىككىنچى گۇۋاھچى كىنەز خانىمنىڭ ئاشخانىسىدىكى قېرى موماي ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قارىمۇچ قۇتىسى يېنىدىكى ئادەملەرنى چۈشكۈرتۈۋەتتى.

ــ ئىسپاتلىرىڭنى سۆزلە، ــ دېدى پادىشاھ.

ــ سۆزلىمەيمەن!

ــ گۆشنانىنىڭ قىيمىسى نېمىدە قىلىنغان؟







— ھەممىسىنى قارىمۇچتا قىلغان.

— شىرىندە! ئۇنىڭ كەينىدىن مۇگدەۋاتقان بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇيقۇچى چاشقانىنىڭ گېلىنى بوغۇۋېتىڭلار، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى خانىش، — بۇرۇتلىرىنى پاكىز يۇلۇۋېتىپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار!

شۇنىڭ بىلەن سوراقخانىدا بىرنەچچە مىنۇتقىچە غەلۋە كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەن جىمىغاندا موماي ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.

— كارىڭلار بولمىسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى پادىشاھ، — يەنە بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈڭلار!

ئاق توشقان ئىسمىلىككە قاراپ چىقىپ، يۇقىرى زىل ئاۋازدا «ئە... لىس» دەپ توۋلىدى.







## سوراقخانىدىكى ئالتوپىلاڭ

ئەلىس تۇيۇقسىز ئىسمىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆڭلىكى زاسېداتىللارنىڭ ئۈستىلىنى ئۆرۈۋەتتى. زاسېداتىللار ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

زاسېداتىللار ئۆمىلەپ قوپۇپ، تاشتاختا، قەلەملىرىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەلىستىن سورىدى:

— بۇ ئىشنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئەلىس.

— ھېچنېمىنى بىلمەمسەن؟

— ھېچنېمىنى بىلمەيمەن!

پادىشاھ بىر دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى: «42 ـ ماددا، بويى بىر چاقىرىمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئادەم سوراقخانىدىن چىقىپ كېتىشى





كېرەك».

— مەن بىر چاقىرىم كەلمەيمەن! — دېدى ئەلىس.

— كېلىسەن! — دېدى پادىشاھ.

— ئىككى چاقىرىمغا يېقىنلىشىپ قالدىڭ، — دەپ سۆز قىستۇردى خانىش.

— شۇنداق بولغاندىمۇ كەتمەيمەن، — دېدى ئەلىس، — بۇ ئەزەلدىن بار قائىدە ئەمەس، بۇنى ئۆزۈڭ چىقىرىۋالغان!

— مانا مۇشۇ كىتابقا پۈتۈلگەن كونا قائىدە، — پادىشاھنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا زاسېداتىللارغا:

— سىلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھىنى بېكىتىڭلار! — دېدى.

بۇ چاغدا ئەلىس ناھايىتى چوڭلاپ، ئۇلاردىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ پادىشاھنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىپ:

— جۆيلۈۋاتىسەن، ئالدى بىلەن گۇناھ بېكىتىش دېگەن قانداق گەپ؟ — دېدى.

خانىشنىڭ ئۇغىسى قايناپ، چىرايى تاتىرىپ: «ئاغزىڭنى يۇم!» دەپ ۋارقىرىدى.

— يۇممايمەن! — دېدى ئەلىسمۇ ۋارقىراپ.





خانىش «ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلىدى.

لېكىن ھېچكىم قول سېلىشقا پېتىنالمىدى.

ئەلىس چوڭلاپ ئەسلىگە كېلىپ قالغان بولغاچقا، ئەيمەنمەستىن:

— سىلەردىن كىم قورقىدۇ، سىلەر قەغەز قارتتىن باشقا نەرسە ئەمەس! — دېدى.

ئەلىس شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، قەغەز قارتلار بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا يېغىشقا باشلىدى. ھەم چۆچۈش، ھەم غەزەپلىنىش ئىچىدە قالغان ئەلىس قارتلارنى توسۇش ئۈچۈن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىۋەتتى...

كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئۆستەڭ بويىدا بېشىنى ھەدىسىنىڭ يوتىسىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ھەدىسى ئەلىسنىڭ يۈزىگە چۈشكەن يوپۇرماقنى ئېلىۋېتىپ:

— كۆزۈڭنى ئاچ ئوبدان سىڭلىم، ئەجەب جىق ئۇخلاپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى.

ئەلىس نازۇك تەلەپپۇزدا:

— غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ باياتىن چۈشىدە كۆرگەن كارامەتلەرنى ھەدىسىگە بىر باشتىن سۆزلەپ بەردى.







# يېڭى نەشرىگە قوشۇمچە سۆز

«دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى شاڭخەي يۈگشياڭ نەشرىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ تەرجىمە قىلغانىدىم. 1 ـ توپلامدىكى ئون كىتاب 1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تولۇق نەشر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 2 ـ توپلامدىكى ئون كىتابتىن بەشى نەشر قىلىندى. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شاڭخەي ئازاد بولغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، داۋاملىق يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

«دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر» دە، دۇنيادىكى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلغان ياكى مەزمۇنى باللار پسىخىكىسىغا يېقىنلىشىدىغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەرلىـ





ـرىدىن ئاددىي، ئاممىباب ھەم ئەدەبىي تۈسكە ئىگە قىلىپ
تۈزۈپ تەرجىمە قىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىغا تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ دەرستىن سىرتقى
ئوقۇشلۇقى قىلىپ يېزىشنى نىيەت قىلغانىدىم. تۈزۈپ تەر-
جىمە قىلغاندا، ئەسەر ھەجمىنى كۆپلەپ قىسقارتىشقا توغرا
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىي ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار
ئوبرازىنى سۈرەتلىشى ۋە ھېكايىنى بايان قىلىشىنىڭ مۇ-
كەممەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويماسلىققا، بالىلارنىڭ
ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەر-
لەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، ئۇلارنى يېقىن كەلگ-
ـسىدە مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىنى ئوقۇشقا يېتەكلەشنى
مەقسەت قىلدىم. 1 - توپلامدىكى ئون كىتاب نەشردىن
چىقىپ ئىككى ئايدىن كېيىن قايتا بېسىلدى، ئون ئايدا
ئالتە قېتىم بېسىلدى، تەيۋەندىلا 70 مىڭ پارچە سېتىلدى.

بۇ يىل 4 - ئايدا دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى
مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ كىتابلارنى قايتىدىن تىزدۇرۇپ
نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. رازىلىقىمنى ئالغاندىن
كېيىن، كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بەردى.
50 يىل ئىلگىرى ئالدىراپ - تېنەپ يېزىلغان ئورگىناللارنى





كۆرۈپ، ھەربىر كىتابنى نەچچە قېتىمدىن ئوقۇپ، ئىملا جەھەتتىن تۈزىتىش كىرگۈزدۈم ۋە تىلىنى راۋانلاشتۇردۇم ھەمدە تۆۋەندىكى ئون كىتابنى بىر يۈرۈش قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى قارار قىلدىم.

بۇلار «ئەلىسنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى»، «دونكىخوت ئەپەندى»، «مىڭبىر كېچە»، «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «ئاندېرسېن چۆچەكلىرى»، «سەۋزە ساقال»، «گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو»، «گرىم چۆچەكلىرى» قاتارلىقلار.

فەن چۈن

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي







# قىسقىچە مەزمۇنى

## ئەلىسنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتلىرى

لېۋىس كاررول [ئەنگلىيە]

بۇ چۈشىدە ساياھەت قىلىش توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن ئىبارەت.

قىزچاق ئەلىس ئۆستەڭ بويىدا ئۇخلاپ قالىدۇ، بىر ئاق توشقان ئۇنى بىر يەرگە باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە بىردەم چوڭلاپ، بىردەم كىچىكلەپ، چىرايلىق باغچا، كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان كۆلچەك، كۇلەلەيدىغان مۈشۈك، چىلىم چېكىدىغان كېپىنەك قۇرتى، چايخانىدىكى غەلىتە مەخلۇقلار، غەلۋە قىلىپ تىنمايدىغان قارتىلار... قاتارلىق ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىق چۈش ئىدى.





## دونكىخوت ئەپەندى

سېرۋانتېس [ئىسپانىيە]

بۇ ئادەمنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇپ قويىدىغان شاپائەتچى توغرىسىدىكى ھېكايە.

خوجايىن دونكىخوت بىلەن خىزمەتكار سانچو ئىككىسى ئۆزلىرىنى رىتسار ۋە رىتسارنىڭ خىزمەتكارى دەپ ئاتىۋېلىپ، جاھان كېزىپ تەلۋىلىك بىلەن خىيالنى رېئاللىق قىلىۋالىدۇ. شامال تۈگمىنىنى دىۋە، سارايىنى قورغان، مىس داسنى تۆمۈر قالپاق، قوي پادىسىنى قوشۇن... دەپ بىلىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن ناھايىتى كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

## مىڭبىر كېچە

ئاپتورنىڭ ئىسمى نامەلۇم [پارس]

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى ھەر كۈنى بىر خوتۇننى ئۆلتۈرىدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئىككى قىزى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پادىشاھقا ياتلىق







بوپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى پادىشاھقا ياتلىق بوپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى پادىشاھقا بىر قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، پادىشاھنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەپتۇ. بۇ ھېكايىلەر جەمئىي مىڭبىر كېچە ئېيتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «مىڭبىر كېچە» دېگەن كىتاب بارلىققا كەپتۇ.

بۇ كىتابقا ئەسلىي كىتابتىكى ئەڭ قىزىقارلىق، ئادەمنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان، ئەڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەسەرلەر، يەنى «سىرلىق چىراغ» دىكى ئەگرى ـ توقاي ئاجايىپ ـ غارايىپلار، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دىكى تولۇپ تاشقان ئەقىل ـ پاراسەت، «دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر»دىكى تەڭداشسىز خېيىمخەتەرلەر كىرگۈزۈلدى.

## ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

كوللودى [ئىتالىيە]

بۇ ناھايىتى مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېكايە بولۇپ، بۇنىڭدا بىر ئەسكى بالىنىڭ نۇرغۇن مۇشكۈللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ياخشى بالىغا ئايلىنىش جەريانى يېزىلغان.



ياغاچ قونچاق پىنوككىئو تۇغما كەپسىز، جىم تۇرمايدى-
غان، ئاچ كۆز، كىتاب ئوقۇشتىن قورقىدىغان، يالغان سۆز-
لەيدىغان، نەسىھەتكە كىرمەيدىغان، ئەسكىلەرگە ئەگىشىپ
كېتىدىغان... بالا بولۇپ، نۇرغۇن جەۋر - جاپا تارتىدۇ، خەتەر-
لىك ئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، نەچچە قېتىم جېنىدىن
ئايرىلىشقا قىل قالىدۇ.

لېكىن كېيىن ئۆزگىرىپ، ئاخىر قۇتقۇزۇپ
قېلىنىدۇ.

## ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

ئاندېرسېن [دانىيە]

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئاندېرسېننىڭ ئالتە پارچە
چۆچىكى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان مەشھۇر چۆچەكلەردۇر.

ئۇلار «بۇلبۇل»، «سەت ئۆردەك چۈجىسى»، «چوڭ
كرائۇس بىلەن كىچىك كرائۇس»، «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيى-
مى»، «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» ۋە «كىچىك دىننى»دىن
ئىبارەت. بۇ گۈزەل چۆچەكلەر كىچىك دوستلارنىڭ قەلبىنى
ھاياجانغا سالىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ.







## گرىم چۆچەكلىرى

ئاكا ـ ئۇكا گرىملار [گېرمانىيە]

ئاكا ـ ئۇكا گرىملارنىڭ چۆچەكلىرى چۈشىنىشلىك، ساپ، تەبىئىي، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق يېزىلغان. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى نۇرغۇن جەۋر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، لېكىن ياخشىلار ياخشىلىققا، يامانلار جازاغا ئۇچراش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

بۇ كىتابقا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چۆچەكلەردىن «باشمالتاق قىز»، «ئالتۇن قۇش»، «خەنسا بىلەن گرانسا»، «شىرە، ئېشەك، توقماق»، «قار بىلەن قىزىلگۈل»، «تۇمان موماي» قاتارلىق ئالتە چۆچەك كىرگۈزۈلدى.

## سەۋزە ساقال

رېئارد [فرانسىيە]



بۇ ياش داغلىرى ۋە ھەسرەتلىك كۈلكىلەر بىلەن تولغان جىددىي ئائىلە ھېكايىسى ھېسابلىنىدۇ.





«سەۋزە ساقال» بەختسىز بالا، ئۇ ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئەقىللىق بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىغا موھتاج بولسىمۇ، لېكىن ئالا كۆڭۈل ئانىسى ۋە شەخسىيەتچى دادىسىنىڭ كارى بولماسلىقى، ھىيلىگەر ئاكىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ بوزەك قىلىشى بىلەن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۆزىنى پەس كۆرىدىغان، ئاچ كۆز، رەھىمسىز بالىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ ناچار ئائىلە مۇھىتىنىڭ ياخشى بالىنى ئەسكى بالىغا ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى» نىڭ دەل ئەكسىچە بولسىمۇ، لېكىن تەربىيۋى ئەھمىيىتى ئاساسەن ئوخشاش.

## گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى

سۋىفت [ئەنگلىيە]

بۇ فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە ساياھەت خاتىرىسى.

ئەنگلىيىلىك دوختۇر گاللىۋېر ئىككى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە خەتەرگە ئۇچراپ، كىچىك ئادەملەر دۆلىتى ۋە چوڭ ئادەملەر دۆلىتىگە بېرىپ قالىدۇ. كىچىك ئادەملەر دۆلىتىدىكى ئادەملەر بارماقتەك چوڭلۇقتا بولۇپ، «پۇۋ» دېسە





ئۇچۇپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ يەر ئاچ كۆزلۈك ۋە ئۇرۇش بىلەن تولغان. چوڭ ئادەملەر دۆلىتىدىكى ئادەملەرنىڭ بويى دەرەخ-تەك ئېگىز، كۈچى تەڭداشسىز بولۇپ، ھەممە يەر كەڭ قور-ساقلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تولغان. كىچىك دوستلار بۇ ئاجايىپ ھېكايىلەردىكى ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولالايدۇ.

## ئىزوپ مەسەللىرى

ئىزوپ [يۇنان]

ئىزوپ يۇنانلىق ئۇلۇغ مەسەلچى بولۇپ، تۆۋەن تەبىقى-دىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن يۇقىرى ئە-قىلگە ۋە بىلىمگە ئىگە ئادەم ئىدى. «ئىزوپ مەسەللىرى»دى-كى ياش قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە تەقلىد قىلىنغان ھايۋانلاردىن ئىبارەت. بۇ قىزىقارلىق مەسەللەرنىڭ بەزىلىرى ئادەمنى توغرا، تىرىشچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ؛ بەزىلىرى ئادەم-نى تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ؛ بەزىلى-رى ئادەمگە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، ئاجىز تۇرۇپ-مۇ كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ بەزى-





لىرى كىشىلەردە قەبىھ كۈچلەرگە چەكسىز ئۆچمەنلىك، ئا-
جىزلارغا چەكسىز ھېسداشلىق قوزغايدۇ... «بۆرە بىلەن
قوزا»، «ئېشەكنىڭ سايىسى»، «كاشتان دەرىخى بىلەن
قومۇش» قاتارلىق مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە مەشھۇر
ئەسەرلەر بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

## دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

دانىيل دېفو [ئەنگلىيە]

بۇنىڭدا دېڭىز سەپىرىدىكى ھېكايىلەر، بولۇپمۇ غەلىتە
ئىشلار بايان قىلىنغان.

ھېكايىدە دېڭىزچى روبىنزون كرۇزونىڭ دېڭىزدا خە-
تەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئادىمىزات يوق يالغۇز ئارالغا
بېرىپ قېلىپ، بېشىدىن كەچۈرگەن 27 يىللىق ئاجايىپ خە-
تەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. كىچىك دوستلار
بۇ ھېكايىنى ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىز شارائىتتا قىيىن-
چىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىسى، مۇستەقىل ياشاش ۋە ئۆزىنى
قوغداش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ، ئەمگەك سۆيىدىغان ئالىيجا-
ناب روھ يېتىلىدۇ.



# ئەلىسنىڭ خىيالىي سەرگۈزەشتىلىرى

# 爱丽思梦游奇境



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)